## تارىم رايونىنىڭ ئەسلى ئاھالىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمى ژۇرنىلى»نىڭ 2000- يىللىق 1- سانى


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن

ئەخمەت مۆمىن تارىمى



قىسىقچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 5 6 مىڭ يىللار ئىلگىرى تارىم رايونىدا ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ بولغان، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى قوشۇمچە قىلغان، توخرى تىلىغا كېلىت ۋە غەربىي شىمال پراكرىت تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن، يۇقىرى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىگە بولغان خەلقلەرنىڭ ياشىغانلىقى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. جۈملىدىن تارىم رايونىنىڭ ئەسلى ئاھالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن ساكلار ۋە ئارىيانلار دېگەن قارشىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى ئېچىپ بېرىلىدۇ .


ئىلىم ئەھلىگە ئايان بولغىنىدەك، ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە تاھايىتى ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ جەرياندا ئىنسانلار ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغا ماس ھالدا ئەڭ دەسلەپكى مايمۇنسىمان ئادەملەردىن ئىپتىدائىي ئادەملەر توپىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇققا، قەبىلىگە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ۋە ئاخىرىدا مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، دەۋرىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىرقىدەك تۈرلۈك دۇنيا مىللەتلىرىنى شەكىللەندۈردى. بۇ مىللەتلەر مەيلى مەدەنىيەتلىك مىللەت بولسۇن ياكى قالاق مىللەت بولسۇن، مەيلى ھازىرقى زامان مىللىتى بولسۇن ياكى ئىپتىدائىي مىللەت بولسۇن، مەيلى بىر مەنبەلىك مىللەت بولسۇن ياكى كۆپ مەنبەلىك مىللەت بولسۇن

ھەممىسىلا ئۆزىگە خاس بولغان تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە، جۈملىدىن ئېتنىك مەنبە جەھەتتە ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە .

كۆپ مەنبەلىك، مەدەنىيەتلىك ھازىرقى زامان مىللىتى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىغا دائىر تېپىلمىلارنىڭ ئازلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان يازما خاتىرىلىرىنىڭ تولىمۇ كەمچىل بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلىرىنىڭ ناھايىتى كەڭ بولۇشى سەۋەبلىك، تاكى ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ زادى قانداق ئېتنىك مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك ئېنىق يەكۈن چىقىرىلمىدى. گەرچە ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى زاتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئاساسەن بىردەك قاراشقا، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىككى، بىرى جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن) «回纥» خۇيخې)لار، يەنە بىرى مىلادى 840 – يىلى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان يەرلىك مىللەتلەر دېگەن قاراشقا كەلگەن ھەم بۇ قاراش ئۇيغۇرلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلىرىغا ماس كېلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا يېنىلا مۇجمەللىك ساقلانغان. بۇ خىل قاراشنىڭ ئەڭ ئاجىز بىرى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربتىكى ئەجدادى بولغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان يەرلىك مىللەتلەر توغرىسىدا  ئېنىق تەبىر بېرىلمىگەن. مېنىڭچە كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنىڭ تۈگۈنىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغان)«回纥»خۇيخې)لار ئىلىم

ساھەسىگە ئاساسەن تونۇشلۇق، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىرى مۇھىم ئېتنىك مەنبەسى بولغان تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەر تازا تونۇشلۇق ئەمەس. ئۇزاقتىن بۇيان تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ خېلىمۇ-خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە بىرلىككە كەلگىنى يوق. چۈنكى بىر تەرەپتىن، تارىم ئويمانلىقى ئەسىرلەردىن بۇيان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ بىر تىلسىمات زېمىن ھەم شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسى، بۇ زېمىنغا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغانلار جۈملىدىن ماكانلىشىپ قالغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەلمىساقتىن بۇيان تارىم رايونىنىڭ ئاھالە ئۆزگىرىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان. يەرلىك خەلقلەر بىلەن كۆچمەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىڭىشىش، قوشۇلۇش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش مۇناسىۋىتى تولىمۇ مۇرەككەپ بولغان , شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا ئالدىراپ يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئەتراپلىق، تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىلا، كىشىنى قايىل قىلارلىق نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن، لېكىن ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، تارىم رايونىدا ياشىغان خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەريان چوقۇم بىر ئاساسىي لىنىيىنى بويلىغان ھالدا داۋاملىشىپ كەلگەن. يەنى بىر ئاساسىي خەلققە باشقا مىللەت ياكى ئۇلۇسلارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە تەدرىجىي ئۆز-ئارا سىڭىششى ئارقىلىق، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى 840 – يىلى غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئاھالە تەركىبى شەكىللەنگەن. چۈنكى ئىنسانلار پەيدا بولغان ياكى ئىنسانلار ياشاشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەر قانداق بىر جايدا ئەڭ ئاۋۋال شۇ جايدا پەيدا بولغان ياكى ئەڭ بۇرۇن شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ياشىغان بولىدۇ. كېيىن كۆچۈپ كەلگەن مىللەتلەر ئەگەر مەدەنىيەتتە يەرلىك ئاھالىلەردىن ئۈستۈن

تۆرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئاساسي ئاھالىسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر يەرلىك ئاھالىلەر ئەسلىدىنلا ئۈستۈن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپ، كۆچمەن مىللەتلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا كۆچمەن مىللەتلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى «ھەر قانداق ۋەھشىي بويسۇندۇرغۇچىلار ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەر تەرىپىدىن ھامان بويسۇندۇرۇلىدۇ» (ماركس). ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىختىن بۇيان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، تېرىم ھاياتىدا ياشايدىغان مىللەتلەر گەرچە بىر مەھەل ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك كۆچمەن خەلقلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۇلارنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرۈۋالغان. شۇڭا، تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەر ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەندىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى يىپ ئۇ چى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە، بىز مۇشۇ يىپ ئۇچىنى بويلىغان ھالدا ھەر قايسى تەرەپلەردىن تارىم رايونىدا ياشىغان ئەڭ دەسلەپكى ئاھالە توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

## 1. قەدىمكى تارىم رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكلى

ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىقلىمى تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا مەنسۇپ، ئەمما بۇنىڭدىن نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ كىلىماتى ھازىرقىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. بۇ توغرىدا گېئولوگلار مۇنداق قىياس قىلىدۇ :«تۇران تۈزلەڭلىكى بىلەن سىبىر تۈزلەڭلىكى ئەسلىدە دېڭىز- ئوكيانلار بىلەن تۇتاش بولۇشى، ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىمۇ ئەسلىدە قارا دېڭىز بىلەن تۇتاش بولۇشى مۇمكىن. كېيىن، مېزوزوي ئېراسى

(ئوتتۇرا ھاياتلىق ئېراسى) بىلەن كاينوزوي ئېراسى (يېڭى ھاياتلىق ئېراسى)نىڭ ئارىلىقىدا (يەنى بۇنىڭدىن 10  20 مىليون يىللار ئىلگىرى)، يەر پوستىدا كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، ھىمالايا، كۇئېنلۇن، تەڭرىتاغ، ھىندىقۇش، پامىر قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى ئۆرلەپ چىققان ... يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئېگىز تاغلار شەكىللىنىشتىن ئاۋۋال، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن سىبىرىيىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل، نەم، ھۆل-يېغىنى يېتەرلىك، دەل-دەرەخلىرى بۈك- باراقسان، ئوت-چۆپلىرى قويۇق ئۆسكەن ھالەتتە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئېگىز تاغلار ھىندى ئوكياندىن كېلىدىغان ئىللىق ئېقىمنى توسۇۋالغاچقا، تۇران تۈزلەڭلىكىدە چوڭ قۇملۇقلار شەكىللەنگەن» [1]. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىمۇ «ئەتراپتىكى تاغ تاشلىرىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن كۆپ مىقداردا توپا ۋە شېغىل تاشلار ھاسىل بولغان. قۇم توپىلار شامال-بوراننىڭ سوقۇشى ۋە دەريا سۇلىرىنىڭ يالاپ ئېقىتىشى بىلەن 333 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى چوڭ قۇملۇق- تەكلىماكان قۇملۇقىنى ھاسىل قىلغان» [2]. «غەربىي، جەنۇبىي،شىمالىي يۆنىلىشتىكى تاغ جىلغىلىرىدىن ئېقىپ چىققان دەريا سۇلىرى تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئېقىپ، تەكلىماكان  قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن بوستانلىقلارنى ھاسىل قىلغان .  بەزىلىرى ئويمانلىقنىڭ مەركىزىي قىسمىغىمۇ قاراپ ئاققان. دەريا سۇلىرى قۇملۇقنىڭ ئەتراپى ۋە مەركىزىي قىسمىغا ئېقىپ كىرگەندە،بىر قىسىم مۇنبەت، يۇمشاق توپىلارنى ئېقىتىپ بارغان. بۇ توپىلار قۇم بىلەن ئارىلىشىپ، نۇرغۇن مۇنبەت تۈزلەڭلىك ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقىم سۇ مەنبەلىرى بولۇپ، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە مۇۋاپىقلاشقان. غەرب تەرەپتىكى يەكەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلغان، تاللىقتا بارغاندا بۇنىڭغا شەرقىي شىمال تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن ئاقسۇ دەرياسى قوشۇلغان، قەدىمكى خوتەن دەرياسىمۇ شىمالغا قاراپ ئېقىپ،

تەڭرىتېغىدىن جەنۇبقا قاراپ ئاققان دەريا سۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، كۆنچى دەرياسى ئارقىلىق لوپنۇر كۆلىگە قويۇلغان. كوئېنلۇن ۋە ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىدىن شىمالغا قاراپ ئاققان سۇلار چەرچەنگە كەلگەندە چەرچەن دەرياسىنى ھاسىل قىلغان. قەدىمكى زاماندا بۇمۇ لوپنۇر رايونىغا ئېقىپ كىرگەن. تارىم ئويمانلىقى شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال قاتناشلىرى مەركەزلەشكەن ئورۇنغا جايلاشقان ,تەكلىماكان قۇملۇقى گىياھسىز قۇرغاق تۈزلەڭ بولسىمۇ، ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ سۇ، ئوت-چۆپلىرى مول، تۇپراقلىرى مۇنبەت بولۇپ ھەر مىللەت ئاھالىلىرىنى جەلپ قىلغان.» [3]. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مانا مۇشۇنداق بوستانلىقلار، دەريا- ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى، تاغ ئېتەكلىرى، دەريالارنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېلتا رايونى ۋە كۆل، بۇلاق ئەتراپىدىكى جايلارلا ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ۋە تېرىقچىلىق قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل تەبىئىي مۇھىت ۋە بۇ رايوندىن تېپىلىۋاتقان تاشقا ئايلانغان ئادەم سۆڭەكلىرى بۇ رايوندا ئەڭ كەم دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار ياشىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا، مېۋە-چېۋە يىغىشتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش دەل مىلادىدىن 5000 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرت-شارائىتىغا مۇناسىپ ھالدا تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دېھقانچىلىق ئەڭ ئاۋۋال ئاساسەن جەنۇبىي قىسمىدىكى چەت، ياقا رايونلار ياكى مۇنبەت بوستانلىقلاردا، مەسىلەن، زەرەپشان دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، پەرغانە ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا بارلىققا كەلگەن. ... مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000- يىللارغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا شىمالنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە جەنۇبنىڭ بوستانلىق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بىر- بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل ئىگىلىك شەكىللەنگەن.» [4 .[دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ، جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000-2000 يىللار ئارىلىقىدىكى ئىگىلىكىنى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى، بۇ جايدا ياشىغان ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىلەرنى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر بولماستىن، بەلكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالە دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ .

## 2. تارىم رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ تارىم رايونىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا، يۇقىرىدىكى ھالقىلىق مەسىلىگە، يەنى »تارىم ئويمانلىقىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000- 2000 يىللار ئارىلىقىدىكى ئىگىلىكىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئىكەنلىكى، بۇ جايدا ياشىغان ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ بىر نۇقتىغا سەل قارىغان ھالدا، بۇ رايوندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، بۇ رايوندا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تىلى مەنسۇپ بولغان تىل تۈركۈمى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپلا، «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنى قەدىمكى زاماندىكى ساكىيان رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن ۋە شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان ئايرىم ساك ئۇرۇقلىرى بىلەن قان -قېرىنداش بولغان ئارىيانلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارىيانلار ئاق تەنلىك جىنسقا مەنسۇپ بولۇپ، بەزى ئالىملار مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 – يىللىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ناھايىتى ئېغىر كىلىمات ئۆزگىرىشى بولغانلىقى، شۇڭلاشقا بۇ جايدا

ياشايدىغان ئارىيانلار تېز سۈرئەت بىلەن تەرەپ- تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى غول بىر قىسمىنىڭ ھازىرقى قەشقەر ئەتراپىدىن چىڭخەي، گەنسۇ ئەتراپىغىچە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.» [5]. ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى چيەنداۋشىنسى ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» دېگەن ئەسىرىدە :«نۇرغۇن ماتېرىياللاردا بىردەك پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكىلەر ئىرانلار دەپ قەيت قىلىدۇ. بىراق شەرقىدىكى، يەنى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغانلار قايسى مىللەتتىكىلەر؟... بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى تىل. قەدىمكى غەربىي رايوندا قوللىنىلىپ كەلگەن ئاساسىي تىللار، مەسىلەن خوتەن (ئودۇن) تىلى، سوغدى تىلى، قىزىل تىلى، توخار تىلى قاتارلىقلار ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، بۇ تىللارنىڭ تۈرلىنىشتە ھىندى– ياۋروپا تىلىنىڭ ئىككى سىستېمىسىغا كىرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى، ... خوتەن تىلى بىلەن سوغدى تىلى سېيتىم تىلىغا كىرىدۇ. قىزىل تىلى بىلەن توخار تىلى كېنتىم تىلىغا كىرىدۇ ... دېمەك، تارىم ئويمانلىقىدىكىلەرنىڭ تىلى ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئىرقىي جەھەتتە ئارىيان مىللىتىگە كىرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. [6]. خەن كاڭشىن ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇ ناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى» دېگەن ماقالىسىدە :« تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىدىكى رايونلاردىن تېپىلغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭكى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئانتروپولوگىيە تەھلىللىرىگە ئاساسلانغاندا ........ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرق تەركىبىدە قەدىمدە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئارىيانلارنىڭ ئىرق ئامىللىرى

ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ» [7] دەپ قەيت قىلىپ، تارىم رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىنىڭ ئارىيانلار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىرىدۇ. لياڭ جىڭجى ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «خەن دەۋرىدىكى تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقى ۋە تارقىلىشى» دېگەن ماقالىسىدە :«ئېنگېلس ئوتتۇرا ئاسىيانى ياۋروپا ئىرقىدىكى ئارىيانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونى دەپ قارايدۇ. ئىرقىي كېلىپ چىقىشنى مەركەز قىلىپ زامان ۋە ماكان ئارىلىقى مۇناسىۋىتىدىن ئالغاندا، تارىم رايونى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارىيان ئىرقىنىڭ پەيدا بولغان جايىغا يېقىن كېلىدۇ، ... خەن دەۋرىدىكى تارىم رايونىدىكى ئىرقلارنىڭ ئاساسىي تەركىبىي ئارىيان ئىرقىدۇر» [8] دەپ مۇلاھىزە قىلىپ، مىلادىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەرنى ئارىيان ئىرقىغا مەنسۇپ، يەنى بۇ رايوندا ئارىيانلار زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ،دېگەندىن يوشۇرۇن مەنە بېرىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە تارىم رايونىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنى چىياڭلار دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار بولۇپ، ليۇشىگەن ئەپەندى بىلەن چېن لياڭۋېي ئەپەندى تۈزگەن «قەدىمكى كۇسەن ئېلى تارىخى» دېگەن ئەسەردە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا مۇنداق بايانلار بېرىلگەن :«تارىخىي ماتېرىياللار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، كۇسەننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالە تەركىبى توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. يەنى ئۇلار چىياڭلار، ھىندىستانلىقلار، ساكلار، توخرىلار بولغان.» [9]. يەنە سۇ بېخەي ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت تارىخ -جۇغراپىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشىغان خەلقلەر چىياڭلاردىن ئىبارەت دەپ كۆرسەتكەن ھەم ئۇيغۇر قاتارلىق باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كېيىن بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى قەيت قىلغان [10]. يۇقىرىقىلاردىن سىرت يەنە تارىم ئويمانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنى ساكلار دەپ قارايدىغانلارمۇ بار بولۇپ،

بۇ توغرىدا رۇسىيىلىك لىتوۋنىسكى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا «دېگەن ئەسىرىدە:« تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان ساكلار تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى XX ئەسىر ئەتراپلىرىدا ئاللىقاچان تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارغا كەلگەن» [11] دەپ ئىزاھات بەرگەن .يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تارىم رايونىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلەرنى ئارىيان، چياڭ ۋە ساكتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تائىپە خەلققە مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمما يەنە تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خىل قاراشنىڭ تولۇق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ .چۈنكى، ئارىيانلار ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى ئاق تەنلىك ئىرىققا مەنسۇپ كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولۇپ، «نەچچە قېتىم جەنۇبقا كۆچۈپ ياۋروپالىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ، ئىرانلىقلارنىڭ ۋە ئارىيان مىللىتىگە تە ۋە ھىندىلارنىڭ ئورتاق ئەجدادى بولۇپ قالغان..... ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى -2000يىلىنىڭ دەسلىپىدە جەنۇبقا كۆچۈشكە باشلاپ، ئىران ئېگىزلىكىگە كەلگەن، يەنە مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500- يىلى ئەتراپلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىرگەن،» (12) «دەل مۇشۇ كۆچۈشلەردە ئارىيانلارنىڭ بىر تارمىقى مەركىزى ئاسىيا، يەنى رايونىمىزنىڭ تارىم ۋادىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان» (13). دېمەك، بۇنىڭدىن ئارىيان دەپ ئاتالغان بۇ خەلقنىڭ كۆپ بولغاندىمۇ مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرى تارىم ۋادىسىغا سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ساكلار بولسا ئارىيانلار ئىرقىدىكى خەلق بولۇپ، «ئىلىم ساھەسى ساكلارنىڭ ئارىيانلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.» (14). «يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ساكلارنى ئارىيانلانىڭ پامىر- چىلىيەنشەن تۈركۈمى دەپ قارايدۇ.» (15). لىتوۋنىسكىنىڭ كۆز قارشى بويىچە بولغاندا، «ساكلار تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000- يىللار ئەتراپلىرىدا تارىم ئويمانلىقىغا

كىرگەن بولۇپ«، بۇ، ئارىيانلارنىڭ تارىم ۋادىسىغا كەلگەن ۋاقتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش چىقىدۇ ھەم ساكلارنىڭ ئارىيانلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا تولۇقلىما بولىدۇ. چياڭلار بولسا قەدىمدە ئېلىمىزنىڭ غەربى شىمالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان، جۇملىدىن قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى بولۇپ، سېرىق تەنلىك ئىرىققا مەنسۇپ ئىدى. «چياڭلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كىرىش مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلگەن قاراش بولسا، ئالدىنقى چىن سۇلالىسى مەزگىلىدە، چياڭلار غەربكە كۆچۈش دولقۇنىدا بۇ جايغا كەلگەن دېگەندىن ئىبارەت» بولۇپ (16) , بۇ ئارىيان ۋە ساكلارنىڭ تارىم رايونىغا كەلگەن ۋاقتىدىن كۆپ كېيىن .ئۇنىڭ ئۇستىگە مەيلى ئارىيانلار بولسۇن. ساكلار بولسۇن ياكى چياڭلار بولسۇن .بۇلارنىڭ ھەممىسىلا كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولۇپ، ئەگەر بۇلار تارىم رايونىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى دېيىلسە، ئۇھالدا بۇلارنىڭ جان تومۇرى بولغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تارىم رايونىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى 2000-5000يىللار ئەتراپىدىكى تەبىئىي مۇھىتىغا، يەنى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كېلىدىغان تەبىئىي شارائىتىغا زىت كېلىدۇ .ئۇنداقتا ئارىيانلار، ساكلار، چياڭلارتارىم ئويمانلىقىغا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ جايدا ئاھالىلەر ياشىغانمۇ؟ ئەگەر ياشىغان بولسا، ئۇلار زادى قانداق ئاھالە؟ مانا بۇ مەسىلە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە .

### 3. تارىم رايونىنىڭ ئەسلى ئاھالىسى

ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولغىنىدەك، »ئوتتۇرا ئاسىيا كۆپ ھاللاردا تارىخشۇناسلار، ئارخېولوگلار تەرىپىدىن ئىنسانىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. سوۋېت ئالىملىرى Ottura asiya dunya medeniyitining >:

<biri merkezliridin shekillen`gen> دەپ تەھقىقلەشتۈرىدۇ. گەرچە مايمۇنسىمان ئادەملەر بايقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ < eng deslepki insanlar paaliyet élip barghan rayunlarning biridur>.

ئېدۋارد.م. بورنىس ۋە فىلىپ. لى. رالىن ئۆزلىرىنىڭ < Dunya medeniyet tarixi> دېگەن ئەسىرىدىمۇ < Insaniyetning eng deslep qeyerde peyda bolghanliqi hichkimge melum emes, emma pakitlar shuni körsettiki, ottura afriqining jenubiy qismi yaki ottura asiya rayuni insanlarning ejdatlirining eng baldur peyda bolghan we awughan jayi bolishi mümkin> دەپ كۆرسەتكەن »(17). « بۇ كەڭ كەتكەن زىمىندا ئەڭ دەسلەپ كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا كىشىلەر تەرىپىدىن ئېچىلىپ بولۇنغان»(18) . جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىدىمۇ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 5-6مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ رايوندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارمۇ بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن، ئاتۇشتىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان بېيجىڭ جۇكۇدىيەن «ئۆڭكۈر ئادىمى» بىلەن زاماندىش بولغان شىنجاڭ »ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى (19) بۇنىڭ ئېنىق دەلىلى بولۇپ، بۇ تارىم دەريا رايونىدا ئىنسانلار ياشىغان ۋاقىتنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. مېنىڭچە شىنجاڭ «ئاتۇش ئادىمى» نى، تېخىمۇ كەڭرەك دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ «ئاتۇش ئادىمى» ۋەكىللىك قىلغان ئاشۇ بىر تائىپە خەلقنى تارىم رايونىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى، يەنى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەسلىي يەرلىك ئاھالە دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن

ئىلمى بايان ۋە ماددىي ئىسپات مۇشۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىمىزگە مۇمكىنچىلىك يارىتىدۇ. ئەمدى تۆۋەندىكى ئارخېولوگىيىلىك ماددىي ئىسپات بىزنى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان بۇ ئەڭ دەسلەپكى يەرلىك ئاھالە توغرىسىدا تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ .

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 1979- يىلى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىن بىر ئايالنىڭ جەسىتىنى تاپتى... بۇ جەسەت 1981- يىلى 2- ئايدا شاڭخەيگە ئېلىپ بېرىلدى. شاڭخەي 1- تېببىي ئىنستوتى، شاڭخەي تەبىئەت مۇزېيي قاتارلىق 19 دىن ئارتۇق پەن تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار بۇ جەسەتنى ئىلمى ئانالىز قىلىپ، ئۇنىڭ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكىنى،40-45 ياشلار چامىسىدا بولۇپ قېنى (0) تىپلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ جەسەتنىڭ تارىخى... كەم ھېسابلىغاندىمۇ 4000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى، تېخىمۇ ئىنىقراق ئېيتقاندا، 1- قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 6470 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا مەنسۇپ كەنلىكى بېكىتىلدى»(20). «بۇ جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن چىغ سېۋەتكە بۇغداي قاچىلانغان. دېمەك، بۇ بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرى مۇشۇ جايدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىن ۋە تاللانما ئۇرۇقلارنى ئىشلەتكەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ .(21) «بۇ ھەم بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «تارىم رايونىنىڭ مىلادىدىن 2000 -5000يىللار ئىلگىرىكى ئىگىلىكىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى كەنلىكى، بۇ جايدا ياشىغان ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالە ئىكەنلىكى» دىن ئىبارەت بۇ كۆز قاراشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا بىزنى بۇ ئەڭ دەسلەپكى تارىم ئاھالىسىنىڭ ئىرقى، ئىگىلىك شەكلى

توغرىسىدا مەلۇم دەلىللەرگە ئېرىشتۇردۇ. بۇ ئايال جەسەتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشىدىن ۋە بۇ جەسەتتىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئايال ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، ئۇستىخانلىق، ئاق يۈزلۈك، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، چېچى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە كەلگەن، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان گۈزەل ئايال بولۇپ (ھازىر ئۇ «كروران گۈزىلى» دەپ ئاتىلماقتا)، تىپىك ئاق تەنلىك ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ. خەن كاڭشىن ئەپەندىنىڭ »ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئىرق مىس قورال دەۋرىكى ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىدۇر» دېگەن بايانىمۇ بۇنى دەلىللەيدۇ .(22) . دېمەك، بۇنىڭدىن تارىم رايونىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىنىڭ سېرىق تەنلىك خەلقلەرگىمۇ مەنسۇپ بولمىغان، ھازىرقى ياۋروپا ئىرقىغىمۇ ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان , بەلكى ئەينى دەۋرىدىكى تارىم رايونىنىڭ كىلىماتىغا ماسلاشقان ھالدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئاق تەنلىك ئىرق ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ ئەڭ دەسلەپكى تارىم ئاھالىسىنىڭ ئىگىلىك شەكلى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش شارائىتىدىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بولۇپ، يەنە قىسمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان بولىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئايال جەسەت بىلەن بىللە تېپىلغان يۇڭدىن ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى بۇ رايوندا يەنە قىسمەن چارۋىچىلىقنىڭمۇ بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بولۇپ، ئابدۇقەييۇم خوجا ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» دېگەن ئەسىرىدىكى «ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئون نەچچە يىللىق ئارخېولوگىيلىك تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر بۇ دەۋردە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى، شەرقى ۋە جەنۇبى ئېتەكلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قارا قۇرۇم (كۇئېنلۇن (ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرى، بېپايان تەكشىلىكلەر ۋە دەريا

ۋادىلىرى، تارىم ۋادىسى، تۇرپان ۋادىسى، يارىش(جۇڭغار) تۈزلەڭلىكى ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئۇرۇقداش قەبىلەرنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا... ئۇ دەۋرلەردە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە ئۇرۇندا تۇرغان بولسا، شىمالىي ۋە شەرقى شىنجاڭدىكى تاغلىق رايونلاردا چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىق، دەريا ۋادىلىرى ۋە مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەردە دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسى ئۇرۇندا تۇرغان» (23) دېگەن بايانمۇ بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ئىسپاتلايدۇ. قەدىمكى تارىم ئاھالىسىنىڭ تىلى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندىمۇ، بۇ توغرىدا ئىلمى ئاساسقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ .

ھەببۇللا خوجا لەمجىنى ئۆزىنىڭ «توخرىستان ۋە توخرىلار توغرىسىدا مۇلاھىزە » دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ توختالغان:

»ئارخېئولوگلار 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مەركىزى ئاسىيا تېررىتورىيىسىدىن شۇ چاققىچە مەلۇم بولمىغان توخرى تىلى يادىكارلىقلىرىنى تاپتى... تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن تېپىلغان ئاتالمىش توخرى تىلى يادىكارلىقلىرىدا ھىندى ۋە ئىران تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ساقلانغان. بەزى ئالىملار يەنە شۇ مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، مىلادىن بۇرۇنقى 2000- يىللارنىڭ باشلىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەر جايلاشقانىكەن دېيىشىدۇ... لېكىن ئالىملار يەنەتوخرى تىلىنىڭ فۇنېتىكىسىنى، گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە لېكسىكىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ تىلنىڭ ھىندى- ياۋروپا تىللىرىنىڭ، شۇنداقلا ھىندى- ياۋروپا تىللىرىغا مەنسۇپ بولمىغان تىللارنىڭ خېلىلا تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېنىقلىغان.... جەنۇبىي شىنجاڭدا توخرى تىلىدا سۆزلىشىدىغان ھىندى- ياۋروپا تىللىق قەبىلىلەر پەيدا بولغان چاغلاردا، يەنى

مىلادىــدىن ئــاۋۋالقى 2000 - يىللارنىــڭ باشــلىرىدا بــۇ رايونــدا ھىنــدى- ياۋروپــا تىللىرىغــا مەنسۇپ بولمىغــان تىلــلاردا سۆزلىشــىدىغان قەبىلىلەرمۇ ياشــىغان، ئــۇلار توخرى تىلىغا كېلت ۋە غەربىي شىمال پراكرىت تىل(پراكرىت_سانسكرىتچە يەرلىك دېگەن مەنىدە) ئاساسلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن... لېكىن ئۇ قايسى قەبىلە؟ بۇ مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىــڭ ئېــنىقلاپ، ئىســپاتلاپ بېرىشــگە تېگىشــلىك مەسىلە»(24). مېنىڭچە بۇ قەبىلىلەر دەل قەدىمكى تارىم ئاھالىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلــى نەق يۇقىرىــدا تىلغــان ئېلىنغانــدەك تــوخرى تىلىغــا كېلــت ۋە غەربــى شــمال پراكرىت تىل ئاساسلىرى ئارىلاشقان تىلدۇر .

دېمەك، يۇقۇرىقلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تارىم رايونىنىڭ ئەسلى ئاھالىسى ئەڭ ئاز دېگەنــدىمۇ بۇنىڭدىن تەخمىنەن5-6 مىــڭ يىلــلار ئىلگىرىلا تــارىم ئويمانلىقىــدا ياشــىغان، ئــاق تەنلىك ئىرىققا مەنسۇپ بولغــان، دېھقــانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى قوشۇمچە قىلغان، تــوخرى تىلىغــا كېلــت ۋە غەربــى شــمال پراكرىــت تىــل ئاساســلىرىنى »ئارىلاشــتۇرۇپ ئىشــلەتكەن»، يــۇقىرى مەدەنىــيەت تەرەققىياتىغا ئىگە بولغان خەلقلەردۇر. بۇ خەلقنى ئــۇلار ئاپىرىــدە بولغــان ماكانىنىــڭ نامى بىلەن، يەنى مۇبارەك دىيارىمىز تارىم ۋادىسىنىڭ نــامى بىــلەن «تــارىملىقلار» دە ئاتاش بىر قەدەر مۇۋاپىق. ئەمدى بىز بەزى ئېنىقسىزلىقلارنى يېشىش ئۈچۈن، تــارىم رايونىنىڭ ئاھالە ئۆزگىرىشىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى:

## 4. تارىم رايونىنىڭ دەۋرلەردىن بۇيانقى ئاھالە ئۆزگۈرىشى

«تــارىم ۋادىســى- ياۋروپــا- ئاســيا چــوڭ قۇرۇقلۇقــدىكى ئىككى خىــل ئىــرق (ياۋروپــا ۋە موڭغــۇل ئىرقــى)، ئىككــى خىــل مەدەنىــيەت (چــارۋىچىلىق ۋە تېــرىم مەدەنىيىتــى)، ئىككــى خىــل تىــل سىســتېمىســى )ئالتــاي ۋە ھىنــدى- ياۋروپــا تىــل

سىستېمىلىرى) ئۆز ئارا ئۇچراشقان ۋە قوشۇلغان رايون»(25) بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنىڭ »تارىملىقلار» ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا مۇئەييەنلەشتۈردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايون يەنە ئۈزلۈكسىز ھالدا باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغان بولۇپ، بۇ رايونغا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئارىيان- ساكلار، توخرىلار، سوغدىلار، ھىندىستانلىقلار، ھونلار، چياڭلار، خەنزۇلار، ئېفتالىتلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، تۈبۈتلەر، قىتانلار ۋە موڭغۇللار كىرگەن. بۇ مىللەتلەر ئىچىدە ئاق تەنلىك ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر (يەنى ئارىيان ئىرقىدىكىلەر) مۇ، سېرىق تەنلىك موڭغۇل ئېرىقىدىكىلەرمۇ بار بولۇپ، «تارىم رايونى ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن كەلگەن ئارىئان ئىرقىدىكىلەرنىڭ (يەنى ئارىيان- ساك، سوغدىلارنىڭ) زەربىسىگە ئۇچرىغان»(26). شۇڭا «تارىم رايونى تاكى مىلادىدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىرگىچە باشتىن- ئاخىر ئارىيان ئىرقىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولغان... كېيىن موڭغۇل ئىرقى تەركىبلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەردە ئارىيان ئىرقى ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئازلاش نەتىجىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان» (27 .(ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم رايونىغا كەلگەن بۇ مىللەتلەر ئاساسەن دېگۈدەك كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، ئۇلار بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلىشىپ ۋە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىگە بولغان «تارىملىقلار» نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن بارا -بارا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتكەن. چۈنكى، »تەڭرىتېغىنىڭ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر رولى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ دەل يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى بوستانلىقلارغا جەلىپ قىلىپ، ئۇلارنى دېھقانچىلىق مىللىتىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت»(28). يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تارىم رايونىنىڭ ئاھالە ئۆز گىرىشى مۇنداق ئا لاھىدىلىككە ئىگە

بولغان : يەنى«تارىملىقلار»_ تارىم رايونىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى بولغان، ئارىيان- ساكلار بولسا بۇ رايونغا كەلگەن تۇنجى »مېھمان»، جۈملىدىن تۇنجى كۆچمەن خەلق بولغان، باشقا توخرى، سوغدى، ھۇن، چىياڭ، خەنزۇ، ئېفتالىت، تۈرك، ئۇيغۇر، تۈبۈت، قىتان ۋە موڭغۇل قاتارلىق خەلقلەر بولسا ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن «مېھمانلار» بولغان. «تارىملىقلار «گەرچە بۇ «مېھمانلار»نىڭ ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن خۇددى زېلىڭ ۋىنىۋ «جۇڭگونىڭ غەربى يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ئېيتقىنىدەك «بۇ رايوندىكى ئەسلى مىللەتلىك ئورنى ئۆزگەرمىگەن، لېكىن كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ يېڭى قان تەركىبلىرى سىڭگەن .(29) «بولۇپمۇ تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم رايونىغا كەلگەن ۋاقتى ۋە ئولتۇراقلىشىش مەزگىلى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، مىلادى 4-5-ئەسىرلەردىلا بۇ رايوندا «تۈركلىشىش» ئاساسي جەھەتتىن ئىشقا ئېشىپ بولغان، 840- يىلى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جايغا كېلىشى بىلەن «ئۇيغۇرلىشىش» تارىم رايونىنىڭ كېيىنكى ئاھالە ئۆزگىرشىنىڭ ئاساسى يۆنىلىشى بولۇپ قالغان . »تارىملىقلار» ئاق تەنلىك ئىرقتىكى ۋە سېرىق تەنلىك ئىرقتىكى خەلقلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن , ئەڭ مۇھىمى«تارىملىقلار»نىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاق تەنلىك ئىرىققا مەنسۇپ بولۇشى ھەم ئاق تەنلىك ئىرقتىكى خەلقلەرنىڭ كۆپلەپ سىڭىشى نەتىجىسدە كېلىپ چىققان ئاق تەنلىك ئىرق خۇسۇسىيىتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئالاھىدىلىكى بىلەن، مىلادى 840- يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى تارىم رايونىنىڭ ئاھالە تەركىبىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

# ئىزاھاتلار :


(4)(1)ۋاڭ جىنلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (1- قىسىم)، 5- 18- بەتلەر

(3)(2)ۋاڭ زۇڭۋېي: «تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى»، 1991 -يىللىق 2- سان.

(19) (5)ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 7-, 58- بەت، 59- بەتلەر.

(12) (6)چيەنداۋشىنسى (ياپونىيە) : «يىپەك يولىدىكى 99سىر»، 22-23-178-, 179- بەتلەر.

(22) (7)خەن كاڭشىن: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى«، »شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمى ژۇرنىلى»، 1991-يىللىق 3- سان.

(27) (26) (18) (16) (14) (8)لىياڭ جىڭجى: «خەن دەۋرىدىكى تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقى ۋە تارقىلىشى» , «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى-2) , «قىسىم) ,33-, 34-, 35-, 3-, 40-, 41-, 43- بەتلەر .

(9)لىيۇشىگەن، چېن لىياڭۋېي: «قەدىمكى كۇسەن ئېلى تارىخى»، 21-, 23-, بەتلەر.

(10)سۇ بىخەي: «غەربى يۇرت تارىخ -جۇغراپىيىسى» 24- بەت .

(25) (17) (15) (11)ئەسئەت سۇلايمان: «تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى»، «شىنجاڭ مەدەنىيتى » ژۇرنىلى 1998- يىللىق 1- سان .

(13)ئابدۇشۇكۇر بەسرى: «قەدىمكى قىياتاش سىزمىلىرىدىكى ئىلمەكلىك كرېست ھەققىدە»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1995- يىللىق 1- سان .

» (20)خەلق گېزىتى» نىڭ 1981- يىلى 2- ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان كىرواردىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەت توغرىسىدىكى خەۋەرگە قارالسۇن .

(21)ھاجى نۇر ھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 13-,14- بەتلەر .

(23)ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت». 4-, 5- بەتلەر.

(24)ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى: «توخرىستان ۋە توخرىلار توغرىسىدا مۇلاھىزە«، »شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمى ژۇرنىلى»، 1992- يىللىق 2- سان.

(28)سۇڭتيەن شۇنەن (ياپونىيە): «قەدىمكى دەۋردىكى تەڭرىتېغىنىڭ تارىخ جۇغراپىيشۇناسلىق تەتقىقاتى»، مەركىزى مىللەتلەر ئىنستۇتى نەشرىياتى، -1987يىل 4- ئاي 1- نەشرى، 23- بەت .

(29)زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربى يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 8- بەت .